# شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى

新疆教育报

(سىناق 28 - سان)

1990 - يىل 23 - نويابىر

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 0060/G ۋەكالەت نومۇرى: 140 — 57

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىنىدۇ


خې دۇڭچاڭ سىچۈەن داشۆنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى:

## ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ئارىلىشىشى كېرەك

«جۇڭگو مائارىپى گېزىتى» خەۋىرى. دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خې دۇڭچاڭ سىچۈەن داشۆنىڭ پارتىيە، مەمۇرىيەت رەھبەرلىرى ۋە كادىرلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنىدا سىچۈەن داشۆنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئېلىپ پراكتىكا قىلىش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىجتىمائىي پەنلەر ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى كەسىپ دائىرىسىدە ماركسىزمنى ئەمەلىيەت بىلەن قانداق قىلىپ ياخشى بىرلەشتۈرۈشتە.

خې دۇڭچاڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئەمەلىيىتى نەدە؟ ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى مۇھىمى. مەكتەپ ئىچىدە ئەمەس، جەمئىيەتتە بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدارە، ئورگانلارغا بېرىپ پراكتىكا قىلسىلا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە كۆپرەك ئارىلىشىشى كېرەك. بۇ، دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشنى ئۈستۈرۈپلا قالماي، دۇنيا قارىشنى شەكىللەندۈرۈشكىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياشلار ئىدىيىۋى-سىياسىي نىشان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بۇمۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىقلا ھەل بولىدۇ. دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشىنىش ئاسان ئەمەس. ئەگەر ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا جەمئىيەتتىن ئۆگىنىشكە ئېتىبار بېرىشنى بىلسە، جەمئىيەتنى، دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتسە، ئۆزىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالغا باستۇرالايدۇ. جۇڭگونى چۈشىنىش ئۈچۈن يېزىلارنى چۈشىنىش كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىمىز.

خې دۇڭچاڭ مۇنداق دېدى: ئېلىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. تارىختىكى «سول»چىللىق خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتىشىمىز كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ھەممىسى زۆرۈر. لېكىن مائارىپىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ۋە ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ماھىيىتى شۇ يەردە. بىزنىڭ دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشىمىزگە يەنىلا ماركسىزم يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ ئەڭ ئىلمىي ئىدىيىۋى قورال. ياش ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ماركسىزمنى ئۆگىنىشتە چوقۇم ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ماركسىزمنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىجتىمائىي پەنلەر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەر قايسى پەنلەر ئۆز دائىرىسىدە ماركسىزمنى ھازىرقى زامان دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى بىلەن قانداق بىرلەشتۈرۈشكە باغلىق.

خې دۇڭچاڭ يەنە مۇنداق دېدى: مەيلى تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى ياكى ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى بىلىشى كېرەك. تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى قانداق ئادەم بولۇش ۋە ئىشلارنى قانداق ئويلاشنى بىلىشى، ئىجتىمائىي پەننى ئۆگىنىشى كېرەك. ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىشى لازىم. تەبىئىي پەننى چۈشەنمىسە، نېمىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ بىر نەچچە تەرەپنى ياخشى ھەل قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى بىر قەدەر مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بىز مائارىپ ئىسلاھاتىدا بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

خې دۇڭچاڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىجتىمائىي پەنلەر ئىسلاھاتىدا ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر.

مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك يالقۇن پىلانى ۋە يېزا مائارىپى ئىسلاھاتى سىناق ناھىيىلەر خىزمەت يىغىنى يېپىلدى

## يېزا مائارىپى ئىسلاھاتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرەيلى

مەملىكەتلىك 2- نۆۋەتلىك يالقۇن پىلانى ۋە يېزا مائارىپى ئىسلاھاتى بويىچە سىناق ناھىيىلەر خىزمەت يىغىنى 1- نويابىر يېپىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر نەزەرىيە، ئەمەلىيەت ۋە كونكرېت ئۇسۇللاردىن ئىلھاملىنىپ، پائال ئالغا ئىنتىلىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلەپ، جۇڭگونىڭ يېزا مائارىپى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋەكىللەر ۋېنجياڭ، گۇاڭخەنلەردە مائارىپنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن «سىچۈەننىڭ يېزا مائارىپى ئىسلاھاتىدىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇنداق تېز بولۇشىنى، ئۈنۈمىنىڭ مۇنداق يۇقىرى بولۇشىنى خىيال قىلمىغانىكەنمىز» دېيىشتى. ۋەكىللەر بۇ جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مائارىپقا ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپ... لىكىنى؛ مەكتەپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەم تەربىيىلەشكە ياخشى مۇھىت ياراتقانلىقىنى؛ رەھبەرلىكتىن تارتىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگىچە ھەممىسىنىڭ بىر خىل كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى.

دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ مىڭدا يىغىننى خۇلاسىلىدى. ئۇ، گۇاڭخەن، ۋېنجياڭلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ھەر قايسى سىناق ناھىيىلەردىن «مەملىكەت بويىچە يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش سىناق رايونلىرى خىزمەت تېزىسى» (سىناق نۇسخا) نى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، «تېزىس»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشاننى ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەدبىرگە ئايلاندۇرۇشنى، نۇقتىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈپ، دائىرىلەرنى ... سىناق رايونلىرىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ۋە ياراتقان تۆھپىلىرىمىز بىلەن جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

قانداق قىلغاندا ھەر دەرىجىلىك يېزا تەلىم-تەربىيە تارماقلىرىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋەكىللەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە. ۋاڭ مىڭدا گوۋۇيۈەن سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ بۇ مەسىلىنى كېلەر يىللىق مۇھىم تەتقىقات تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتتى.

## ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى يېڭى يىل ئالدىدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئەركىن مۇھەممەت خەۋەر قىلىدۇ: 11-ئاينىڭ ... دە قىلىنغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھ... گەن «مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات» نىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر

